# قانداق بىر قەۋم بىرەر سورۇندىن ئاللاھنى ئەسلىمەي تۇرۇپ كەتسە، خۇددى ئېشەكنىڭ تاپىنى ئۈستىدىن تۇرۇپ كەتكەندەك بولىدۇ، ئۇ سورۇن ئۇلار ئۈچۈن ھەسرەت بولىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر قەۋم بىرەر سورۇندىن ئاللاھنى ئەسلىمەي تۇرۇپ كەتسە، خۇددى ئېشەكنىڭ تاپىنىڭ ئۈستىدىن تۇرۇپ كەتكەندەك بولىدۇ، ئۇ سورۇن ئۇلار ئۈچۈن ھەسرەت بولىدۇ»
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ھەرقانداق بىر جامائەت بىرەر سورۇندا ئولتۇرسا، ئۇلار ئۇ سورۇندا ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلماي تۇرۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى خۇددى ئەڭ سېسىق ۋە پاسكىنا بولغان ئېشەكنىڭ تاپىنى زىياپەت قىلغان دەستۇرخاندا ئولتۇرغان كىشىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ. سورۇندىن ئاللاھنى زىكىر قىلماي ئورنىدىن تۇرغانلار خۇددى مۇشۇنداق ئېشەك تاپى قويۇلغان سورۇندىن تۇرۇپ كەتكەن كىشىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا سەل قارىغاننىڭ مىسالى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىنى سەل قاراپ ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان ئىشلارغا زايە قىلىۋەتكەنلىكلىرىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئۆزلىرىنىڭ سورۇنلىرىنى تائەت-ئىبادەت ۋە زىكىر-سۆھبەت سورۇنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك، سېسىق ۋە پاسكىنا نەرسىلەردىن يىراق بولغاندەك پايدىسىز سورۇنلاردىن يىراق بولۇشى كېرەك، ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋاقتىغا مەسئۇل بولۇشى لازىم، چۈنكى ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ۋاقتىدىن ھېساب بېرىدۇ، ئەگەر ياخشىلىقتا ئۆتكۈزگەن بولسا ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئەگەر يامانلىقتا ئۆتكۈزگەن بولسا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3910

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee